# 326165 - باھانى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن بىر كۈننى "قارا جۈمە" دەپ ئاتاپ تىجارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

بىر كۈننى قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتاشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاش توغرىمۇ؟. بۇ كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق دەپ ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟، كۆپچىلىك ئىنسانلارغا ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ چېچىشقا سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن يەنى بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام بولامدۇ؟، بۇ شەكىلدە ئېلىم-سېتىم قىلسا ھارام بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىخچام جاۋاپ

قارا جۈمە دەپ ئاتىلىدىغان كۈندە ئېلىم-سېتىم قىلسا بولىدۇ، ئۇ كۈندە باھاسى چۈشۈرۈلىدىغان ماللاردىن ئېلىپ پايدىلانسا بولىدۇ، گەرچە بۇ كۈن شۈكۈر بايرىمى ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان كۈن بولسۇن ياكى ئۇ كۈندە ھېيت-بايراملىق سوغاتلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن بولسۇن، مادامىكى سېتىۋالغۇچى دۇرۇس نەرسىلەرنى سېتىۋالغان بولسا، يېڭى يىل بايرىمى دېگەندەك بايراملارغا ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالمىسا توغرا بولىدۇ. ئەمما كاپىرلار ھەر يىلى بۇ كۈننى كۈتىدىغان بولۇپ، بۇ كۈننى مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشكە، تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا خاس قىلىپ ئاتىغان بولسا، بىزگە بۇ كۈندە كاپىرلارغا ئوخشاپ ئېلىم-سېتىم قىلىش توغرا بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ بۇ كۈننى دۇكانلىرىمىزدىكى ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشكە خاس قىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ، مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ قايسىسى شۇ كۈندە كەلسە ئۇ ماللاردىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى سېتىۋالسا بولىدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

Table Of Contents

- بىرىنچى: قارا جۈمە دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى.
- ئىككىنچى: قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتالغان كۈندىكى تاۋارلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى.
- ئۈچىنچى: دۇكاندارلارنىڭ بۇ كۈننى باھانى چۈشۈرۈشكە خاس قىلىشى.

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

## بىرىنچى: قارا جۈمە دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى.

قارا جۈمە كۈنى دېگەن ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ توغرىدا توختىلىپ ئۆتەيلى: قارا جۈمە دېگەن ئىنگىلىسچىدە(بىلاك فرىداي) دېگەن بولۇپ، بۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئاق جۈمە كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئامېرىكىدا شۈكۈر بايرىمىدىن كېيىنلا كېلىدىغان كۈندۈر، ئادەتتە ھەر يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ، بۇ كۈن يېڭى يىل بايرىمى ئۈچۈن ھەدىيە، سوۋغا-سالام سېتىۋېلىش مەۋسۇمىنىڭ باشلىنىش كۈنى دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بۇ كۈندە كۆپلىگەن تىجارەت ئورۇنلىرى باھاسى چۈشۈرگەن ماللارنى بازارغا سالىدۇ، بەزى سودا مەركەزلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئېچىلىدۇ، چۈنكى يېڭى يىل ئۈچۈن بايراملىق سوۋغاتلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ كۈندە سېتىۋېلىنىدۇ، نۇرغۇنلىغان مال سېتىۋالغۇچىلار جۈمە كۈنى ئەتىگەندە تىجارەت مەركىزىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ تىجارەت مەركىزىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىدۇ. تىجارەت مەركىزى ئېچىلغاندا كىشىلەر باھاسى چۈشۈرۈلگەن ماللاردىن كۆپلەپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ يۈگۈرۈپ كىرىشىدۇ.

بۇ كۈننى قارا جۈمە دەپ ئاتاشنىڭ تارىخىي سەۋەبى ئون توققۇزىنچى ئەسىرگە قايتىدۇ، بۇنىڭ 1869-يىلى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادى كىرىزىسقا ئالاقىسى بولۇپ، بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە بولغان، بۇ ئىقتىسادى كىرىزىس سەۋەبىدىن ئامېرىكىدا ئېلىم-سېتىم ئىشلىرى توختاپ قالغان، شۇ سەۋەبلىك ھۆكۈمەت چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماللارنىڭ باھاسىنى زور مىقداردا چۈشۈرۈپ سېتىش ئارقىلىق زىياننىڭ نىسبىتىنى ئازايتقان.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئامېرىكىدىكى چوڭ تىجارەت مەركەزلىرى ۋە دۇكانلار بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر يىلى شو كۈندە مالنىڭ باھاسىنى ھەتتا 90%گە قەدەر چۈشۈرۈپ سېتىشقا باشلىغان، قارا جۈمە كۈنى ياكى مۇشۇ كۈنگە خاس بولغان ئاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مالنىڭ باھاسى ئەسلىگە قايتقان.

بۇ كۈننى قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتىشى بۇ كۈننى ياقتۇرمىغانلىقتىن ياكى شۇم پال ئالغانلىقتىن ئەمەس بەلكى بۇ كۈننى 1960-يىلى پىلادىلپىيە شەھەرلىك ساقچىلار قارا جۈمە دەپ ئاتىغان، چۈنكى مال باھاسى ئەرزانلاشتۇرۇپ سېتىلىدىغان بۇ كۈنى كەچ كىرگىچە تىجارەت مەركەزلىرىنىڭ ئالدى ۋە ئەتراپى قىستاڭچىلىق، قاتناش توسۇلۇپ قىلىش ۋە ئىدارە قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن پىلادىلپىيە شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى

ماشىنىلارنىڭ ۋە پىيادە يۈرگۈچىلەرنىڭ قىستاڭچىلىقتىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقنى سۈپەتلەپ بۇ كۈننى قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتىغان.

ئۇنىڭدىن سىرت، شۇ كۈندە سېتىلغان ۋە ئامباردا قېلىپ قالغان ماللار ۋە ئالغان پايدىلارغا بەلگە قويۇلىدىغان بولۇپ، پايدا ئالغان ماللارغا قارا رەڭ بىلەن، تارتقان زىيان ۋە سېتىلماي بېسىلىپ قالغان ماللارغا قىزىل رەڭ بىلەن بەلگە قىلىنغان.

يەنە بىر قاراشتا، ئامېرىكىدا كۈندىلىك پايدا-زىياننى ھېسابلاش دەپتىرىگە ئالغان پايدا قارا رەڭ بىلەن، تارتقان زىيان قىزىل رەڭ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شو كۈندە ئېلىنغان پايدىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە دەپتەرلەر قارا رەڭگە بويىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ كۈن قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتالغان.

## ئىككىنچى: قارا جۈمە كۈنى دەپ ئاتالغان كۈندىكى تاۋارلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى.

بۇ كۈندە باھاسى چۈشۈرۈلىدىغان ماللاردىن ئېلىپ پايدىلانسا بولىدۇ، گەرچە بۇ كۈن شۈكۈر بايرىمى ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان كۈن بولسۇن ياكى ئۇ كۈندە ھېيت-بايراملىق سوغاتلارنىڭ باھاسىدا چۈشۈش بولسۇن، مادامىكى سېتىۋالغۇچى دۇرۇس نەرسىلەرنى سېتىۋالغان بولسا، يېڭى يىل بايرىمى دېگەندەك بايراملارغا ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالمىسا توغرا بولىدۇ.

بۇ ھەقتە 145676- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا كىرىسماس مەۋسۇمىدە باھاسى چۈشۈرۈلگەن ماللاردىن سېتىۋېلىپ پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلى مەلۇماتقا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

## ئۈچىنچى: دۇكاندارلارنىڭ بۇ كۈننى باھانى چۈشۈرۈشكە خاس قىلىشى.

بىزدە قارا جۈمە ياكى ئاق جۈمە دەيدىغان كۈن يوق، مۇسۇلمان كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ساقلىنىش كېرەك، ئىسراپچىلىق ۋە بۇزۇپ-چېچىشتىن ھەزەر قىلىشى لازىم. مالنىڭ باھاسى چۈشۈپتۇ دەپ ئېھتىياج بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ پۇلنى زايە قىلماسلىق كېرەك.

دۇكاندارلارمۇ كاپىرلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارغا ئوخشاش بۇ كۈننى مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشكە خاس قىلىۋالماسلىقى كېرەك، بەلكى بۇ كۈننىمۇ باشقا كۈنلەردەك ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كاپىر قەۋمگە ئوخشىۋالغانلار ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى4031- ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سۈنەن ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىشتىن چەكلىگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مېنىڭ ئۈستۈمدە سېرىق بويالغان ئىككى كىيمنى (بىر تو كىيمنى) كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن بۇ كاپىرلارنىڭ كىيمى سەن بۇ كىيملەرنى كەيمگىن» [مۇسلىم رىۋايىتى2077-ھەدىس].

ھۇزەيپە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: «يىپەك، قىلىن يىپەك كىيملەرنى كىيمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا، تەخسىلەردە بىر نەرسە يەپ-ئىچمەڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ نەرسىلەر دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈن، ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈندۇر». [بۇخارى رىۋايىتى5426-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2967-ھەدىس].

ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر قىسىم ئاق ساقال كىشلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۇلارغا: «ئەي ئەنسارلار جامائىتى! ساقاللىرىڭلارنى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلەرگە بوياڭلار، ئەھلى كىتابقا ئوخشاش بولماڭلار دېدى»، راۋى دەيدۇ: بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئەھلى كىتابلار ئىشتان كىيدۇ بەلۋاغ باغلىمايدۇ دېسەك، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «سىلەر ئىشتان كىيىپ ۋە بەلۋاغ باغلاڭلار، ئۇلارغا زىت ئىش قىلىڭلار دېدى»، راۋى دەيدۇ: بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئەھلى كىتابلار ئۆتۈك-قونجۇلۇق ئاياغلارنى كىيدۇ، پىتىنگە-قونچىسىز ئاياغ كىيمەيدۇ دېسەك، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «سىلەر قونجۇلۇق ئۆتۈك ۋە قونچىسىز ئاياغلارنى كىيىپ، ئۇلارغا زىت ئىش قىلىڭلار دېدى»، راۋى دەيدۇ: بىز: ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئەھلى كىتابلار ساقاللىرىنى قىسقارتىپ بۇرۇتلىرىنى ئۇزۇن قويىدۇ دېسەك، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «سىلەر بۇرۇتلىرىڭلارنى قىسقارتىپ، ساقاللىرىڭلارنى تولۇق قويۇپ ئۇلارغا  زىت ئىش قىلىڭلار دېدى». [ئىمام ئەھمەد 22283-ھەدىس].

ئەمىر ئىبنى شۇئەيىپ ئاتىسىدىن، ئاتىسى چوڭ ئاتىسىدىن بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ غەيرىمىزدىكى مىللەتكە ياكى قوۋمغا ئوخشىۋالغانلار بىزدىن ئەمەس، يەھۇدىلار ۋە خىرىستىئانلارغا ئوخشاپ قالماڭلار، ھەقىقەتەن يەھۇدىيلارنىڭ سالامى بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر، خىرىستىئانلارنىڭ سالامى بولسا ئالقانلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر». [تىرمىزى رىۋايىتى2659-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى ھەسەن دېگەن].

كاپىرلار ھەر يىلى مۇشۇ كۈننى كۈتىدىغان بولسا، بۇ كۈن ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، ئەرزان قىلىشقا خاس قىلىنغان بولسا، بىزمۇ بۇ كۈندە دۇكانلىرىمىزدا مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ئېلىم-سېتىم قىلىپ كاپىرلارغا ئوخشىۋىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ، مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ قايىسىسى شۇ كۈندە كەلسە ئۇ ماللاردىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى سېتىۋالسا بولىدۇ بۇنىڭ بايانى يۇقىرىدا سۆزلەندى.

ھەممىدىن توغرىسى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.